دىققەتنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە مەركەزلەشتۈرۈش

### 11 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى

# شىنجاڭلىق ئەزىمەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ، مۇسابىقىدە كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھىنى نامايان قىلدى

مۇخبىرىمىز جېڭ يېيۈەن خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، 11 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جېڭجوۋ شەھىرىدە يېپىلدى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلەر، تىرېنېرلار ۋە مېھمانلار خۇشال ـ خۇرام، ئىناق كەيپىيات ئىچىدە بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى ئورتاق تەبرىكلىدى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن ئالتىنى، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 18نى، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن ئوننى قولغا كەلتۈرگەندىن باشقا، يەنە پۈتۈن مەملىكەتكە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جان تىكىپ ئېلىشىدىغان، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان روھىي قىياپىتىنى نامايان قىلدى.

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)نىڭ مۇدىرى(ئىدارە باشلىقى) مەخمۇت ئوسمان مۇنداق دېدى: «بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئارقىلىق، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ھەرقايسى تۈرلەردىكى تەنھەرىكەتچىلىرى، تىرېنېرلىرى، كوماندا يېتەكچىلىرى جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى، ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىش، ئۆگىنىش، ھەمتۈرتكە بولۇش ـ ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ئۆزئارا دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇردى».

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جۈرئەت قاسىم مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە، شىنجاڭلىق ئەزىمەتلەر باتۇرلۇق بىلەن ياخشى نەتىجە ئېلىشقا ئىنتىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ياخشى مۇسابىقە نەتىجىسى، مۇسابىقە ئۇسلۇبىنى ۋە شىنجاڭلىقلارنىڭ جۇشقۇن كۆتۈرەڭگۈ روھىنى نامايان قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن جەمئىي 629نى قېزىپ رەتلەپ چىقتى، مەسىلەن، كەك ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن دارۋازلىق، سارغايدى (بوشلۇقتا پىرقىراش)، بۇقچىلاپ ئارقان تارتىشىش (ئارقىچىلاپ ئارقان تارتىشىش) قاتارلىقلار، بۇنىڭدىن كېيىن يېزا ـ كەنت، مەھەللە، مەكتەپلەردە زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلىپ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئومۇمىي خەلق چېنىقىش ھەرىكىتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ».

بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تۇنجى قېتىم ئوتتۇرا قىسىمدىكى ئۆلكىدە ئۆتكۈزۈلۈشى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 31 ئۆلكە(ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر)، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، ئازادلىق ئارمىيە ھەمدە تەيۋەندىن كەلگەن جەمئىي 34 ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 7009 تەنھەرىكەتچى، 17 مۇسابىقە تۈرى ۋە 194 ماھارەت كۆرسىتىش تۈرىدە بىرلىكتە مۇسابىقىلەشتى. تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەزگىلىدە، يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مەدەنىيىتى كۆرگەزمىسى، مىللەتلەر چوڭ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى.

شۇ كۈندىكى يېپىلىش مۇراسىمىدا يەنە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇسابىقە بايرىقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 12 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 2023 ـ يىلى خەينەن ئۆلكىسىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنىنى ئىگىلەشلىك كودنى سكانىرلاپ كۆرۈڭ

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئالغا سىلجىتىشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگراممىا خاراكتېرلىك ھۆججەت بولۇپ، يېڭى دەۋردە مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، ھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىشكە ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئورگانلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ئورگانلار پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئورگانلار پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى ۋەزىيەتتە پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئورگانلار پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى زور كۈچ بىلەن چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاساسىنى زور كۈچ بىلەن پۇختىلاپ، ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى زور كۈچ بىلەن ھەل قىلىپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى زور كۈچ بىلەن يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئورگانلار پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئۆلگە بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاشتا ئۆلگە بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئۆلگە بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاساسىي پىرىنسىپنى ئىگىلەپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئورگانلار پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك. بىرىنچى، بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك. سىياسىي ئورگان ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، سىياسىي قۇرۇلۇشنى ئورگانلارنىڭ نېگىزلىك قۇرۇلۇشى قىلىشتا، باش ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەگە سادىق بولۇش تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ئىرادە ۋە سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يادرولۇق ئورنىنى قەتئىي قوغداش، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداشنى ئەڭ چوڭ سىياسىي، ئەڭ مۇھىم سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدە قىلىپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، بارلىق ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى ۋە قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش كېرەك. ئىككىنچى، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچەش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سىستېمىلىق چوڭقۇر ئۆگىنىش، ۋاقتىدا يېتىشىپ ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىش، ئىشىنىش ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، پۇختا بولۇشى، قەلبلەرگە سىڭىشىگە ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ، ئېتىقادنى چىڭىتىشنى ئۆگىنىپ چىقىش، مۇتلەق سادىق بولۇشنى ئۆگىنىپ چىقىش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى ئۆگىنىپ چىقىش كېرەك. ئۈچىنچى، تەشكىللەش كۈچىنى ئاشۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئورگان ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قۇرۇش، كۈچەيتىش كېرەك. ئاساسىي قاتلامنى چىڭ تۇتۇشتەك روشەن يۆنىلىشنى تۇرغۇزۇپ، سىياسىي خاسلىق ۋە سىياسىي ئىقتىدارنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش، باشقۇرۇش، نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئورگان ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلىشى، ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئورگانلاردىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى قېپقىزىل بايراقتا، ئورگان ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇستەھكەم، كۈچلۈك جەڭگىۋار قورغانغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. تۆتىنچى، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئورگان ئىستىلىنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئورگانلار پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزەش بىلەن باش تېما تەربىيەسىدە تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ چىقىلغان، تۈزىتىلىدىغان مەسىلىلەرنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەخسۇس تۈزەشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى «قايتا قاراپ چىقىش»نى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىپ، پارتىيە قائىدىسى، پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشنىڭ ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق ئورگانلار پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىغا يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى كەيپىياتنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. بەشىنچى، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرگە زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئورگانلار ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى يېتەكچى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، تېخىمۇ جاسارەت بىلەن ئىشلەپ نەتىجە يارىتىدىغان روھىي ھالەت، تېخىمۇ راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل بولغان خىزمەت ئىستىلى، تېخىمۇ سادىق، قەتئىي بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق، دادىللىق بىلەن تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىشتا ئالدىدا مېڭىپ، ئۆلگە بولۇشى كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئورگانلار پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئورگانلار پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، ئەمەلىي تۇتۇش، ياخشى تۇتۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، تەشكىلىي رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئالغا سىلجىتىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىشى، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ پارتكوم(پارتگۇرۇپپا)لىرى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، «شۇجى تۇتۇش، شۇجىنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇشى، ھەرقايسى فۇنكسىيەلىك تارماقلار ھەركىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى، زىچ ماسلىشىشى، بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىشى كېرەك. تۈزۈمنى، قوشۇننى، خىزمەت كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىلىرىنى تولۇق، كۈچلۈك سەپلەپ، تەكشۈرۈش، باھالاش ـ باھا بېرىش مېخانىزمىنى ياخشىلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق خىزمەتلەر ۋە مۇھىم تۈزۈملەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتىپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا ياخشى مۇھىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

سۈن جىنلۇڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاڭلىق ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئارقىلىق ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاچقۇچنى تۇتۇپ، باشقا ھالقىلارغا تۈرتكە بولۇپ، «ئۈچتە ئۆلگە بولۇش»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇشقا تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئورگانلار پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار پارتگۇرۇپپا(پارتكوم)لىرى مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە، دادىل باشقۇرۇپ ـ دادىل چىڭىتىپ، ھەقىقىي باشقۇرۇپ ـ ھەقىقىي چىڭىتىپ، دائىم باشقۇرۇپ ـ دائىم چىڭىتىپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۈەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلىرى، ئاپتونوم رايون(مەركەز)غا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى باشلانغاندىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى باشقا يولداشلارنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرما قىلغانلىقى، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغانلىقى، ئۈنۈملۈك يېتەكچىلىك قىلغانلىقى سىستېمىلىق رەتلەپ چىقتى.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى باشقا يولداشلار ئۆزى ئۆلگە بولۇپ، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، يىغىن ئېچىش، ئاساسىي قاتلامدا تەكشۈرۈش، يوليورۇق بېرىش، تەستىق سېلىش قاتارلىق ھەرخىل ئۇسۇل ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا كۈچلۈك يېتەكچىلىك قىلدى، تۈرتكە بولدى؛ يۆنىلىشنى ئىگىلەپ، چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزلەپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ تەدرىجىي ئىلگىرىلىشى، قەدەممۇ قەدەم چوڭقۇرلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىر قاتار مۇھىم بايانلىرى، ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار ئېنىق تەلەپلىرىدە ھەم ئىستراتېگىيەلىك ئويلىنىش، ۋەزىيەت توغرىسىدىكى ھۆكۈم ئېنىق شەرھلەندى، ھەم ئالغا سىلجىتىش يولى، خىزمەت تەلىپى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، يەنە باھالاش ئۆلچىمى كۆرسىتىپ بېرىلىپ، تەشكىلىي كاپالەت تەكىتلىنىپ، پۈتۈن پارتىيەدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر، ياخشى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىيەت كۆرسەتكۈچى بىلەن تەمىنلىدى.

ماقالىدە مۇنداق دېيىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى باشقا يولداشلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، يېتەكچىلىكىدە، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق، جانلىق، تەسىرلىك بولدى، پۈتۈن پارتىيە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، تەڭ كۈچ چىقىرىپ، ئەسلى مەقسەتنى ساقلايدىغان، بۇرچنى زىممىگە ئالىدىغان قويۇق كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، پەرقلەرنى تېپىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «تۆت جايىدا بولۇش» تەلىپى بويىچە، ئۆگىنىش ـ تەربىيەنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تېخىمۇ دەل جايىدا تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، باش تېما تەربىيەسى كۆزلىمە نىشانغا قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىدى.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھازىر، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى يەنىلا سىجىل، پۇختا قانات يايدۇرۇلماقتا. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېكىتكەن نىشانغا قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەش ئاساسىدا، «تۆت جايىدا بولۇش» تەلىپى بويىچە يەنىمۇ ئىنچىكە، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئۈزلۈك ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۈچەش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھى بويىچە «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇسلا، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيەنى قۇدرەتلىك، كۈچلۈك، غەيرەت ـ شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ماركسىزملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقالى بولىدۇ.

**(مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» پروگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىخەتەر بولۇش، كونترول قىلغىلى بولۇش بىلەن ئېچىۋېتىش، يېڭىلىق يارىتىشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى ئېچىۋېتىلگەن مۇھىتتا قويۇپ تور بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، خەلقئارا ئالاقە، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تور بوشلۇقىدىكى ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

2019 ـ يىللىق دۆلەت تور بىخەتەرلىكى تەشۋىقات ھەپتىلىكىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تيەنجىندە ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى خۇاڭ كۈنمىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنى ئوقۇدى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، تور بىخەتەرلىكى خەۋپلىرىگە پائال تاقابىل تۇرۇپ، كەڭ خەلقنىڭ تور بىخەتەرلىكىنى قوغداش داۋامىدىكى سۇبيېكتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «تۆۋەنتە چىڭ تۇرۇش» پرىنسىپى تەلىپىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تور بوشلۇقىدىكى جانجان مەنپەئىتىنى كۈچلۈك قوغداش كېرەك.

دۆلەت تور بىخەتەرلىكى تەشۋىقات ھەپتىلىكى 2014 ـ يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى بىر نۆۋەت ئۆتكۈزۈلمەكتە. بۇ نۆۋەتلىك تەشۋىقات ھەپتىلىكىدە «تور بىخەتەرلىكى خەلق ئۈچۈن، تور بىخەتەرلىكىدە خەلققە تايىنىش» باش تېما قىلىنغان بولۇپ، 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا تور بىخەتەرلىكى كۆرگەزمىسى، تور بىخەتەرلىكى تېخنىكىسى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر مۇنبىرى، تور بىخەتەرلىكى باش تېما كۈنى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ.

---

# ئاپتونوم رايوننىڭ ئېغىر نامرات رايونلاردىكى يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى ئالغا سىلجىتىش خىزمىتى سىن يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز لۇ فېڭباۋ خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئېغىر نامرات رايونلاردىكى يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى ئالغا سىلجىتىش خىزمىتى سىن يىغىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيەدە 2019 ـ يىلى يولغا قويۇلغان 116 تۈرلۈك يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ 105 تۈرى پۈتكۈزۈلدى، سۇ يەتكۈزۈلمىگەن 13 كەنت ئىچىدىكى 11 كەنتنىڭ سۇ يەتكۈزۈش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، 264 مىڭ 300 ئادەمنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىك مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، يىللىق ۋەزىپە نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، مۆلچەرلىنىشچە، يىل ئاخىرىغىچە 300 مىڭ نامرات ئاھالىنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى ھەل قىلىنىدىكەن.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى خىزمىتىدە باسقۇچلۇق نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، پۈتۈن يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا پۇختا ئاساس سېلىندى. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى ئورۇنلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، مەسىلە يۆنىلىشى، نىشان يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىگە تەتبىقلاپ، بىرىنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىپ، يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش سۈرئىتىنى ھەقىقىي تېزلىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ پاكىز، بىخەتەر، خاتىرجەم سۇ ئىچىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: كېيىنكى قەدەمدە، قۇرۇلۇشنى تېز ئىلگىرى سۈرۈپ، ھېساباتقا سېلىشتۇرۇپ تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ، قۇرۇلۇشلارنىڭ يۈرۈشىنى قوغداش، باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ۋە سۇ مەنبەسىنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئېغىر نامرات رايونلاردىكى يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك.